يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 1995 ـ يىلى، بىر يېڭى ئۇقۇم ــ «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسى سۈپىتىدە رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم يولغا قويۇلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن، پۈتۈن يەر شارىنىڭ بايلىق، ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ۋەزىيىتى كۈنسېرى ئېغىرلاشتى، ئىنسانىيەت ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش پۈتۈن دۇنيانىڭ بىردەك دىققىتىنى قوزغىدى. 1992 ـ يىلدىكى دۇنيا مۇھىت ۋە تەرەققىيات يىغىنىدا «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات» يېتەكچى فاڭجېن قىلىنىپ، «21 ـ ئەسىر ھەرىكەت قارالمىسى» ۋە «رىيودى ـ ژانېيرو خىتابنامىسى» قاتارلىق مۇھىم ھۆججەتلەر تۈزۈلۈپ ۋە ماقۇللىنىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1994 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، «جۇڭگو 21 ـ ئەسىر قارالمىسى ــ جۇڭگونىڭ 21 ـ ئەسىردىكى نوپۇس، مۇھىت ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاب» گوۋۇيۈەننىڭ دائىمىي يىغىنىدا رەسمىي ماقۇللاندى، جۇڭگو دۇنيادىكى بىرىنچى بولۇپ ئۆز دۆلىتىنىڭ 21 ـ ئەسىر قارالمىسى ھەرىكەت لايىھەسىنى تۈزۈپ چىققان دۆلەت بولۇپ قالدى.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ‹9 ـ بەش يىل›لىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىللىق يىراق نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»گە رەسمىي كىرگۈزۈلۈپ، «جەزمەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئارا ماس ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پارتىيەنىڭ ھۆججىتىدە «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات» ئۇقۇمىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئىشلىتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. جياڭ زېمىن يىغىندا «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىرقانچە مۇھىم، زور مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، «زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا جەزمەن ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بىر مۇھىم، زور ئىستراتېگىيە قىلىش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىدا «خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ‹9 ـ بەش يىل›لىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىللىق يىراق نىشان پىروگراممىسى» تەستىقلىنىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات بىر مۇھىم يېتەكچى فاڭجېن ۋە ئىستراتېگىيەلىك نىشان سۈپىتىدە دۆلەت ئىرادىسىگە كۆتۈرۈلدى. 1997 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 15 ـ قۇرۇلتىيى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئىستراتېگىيەلەرنىڭ بىرى قىلىشنى ئايدىڭلاشتۇردى.

ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ «ئۆزىمىز ياشاۋاتقان يۇرت ـ ماكان»غا بولغان چوڭقۇر، سەمىمىي غەمخورلۇقىنى نامايان قىلدى، بۇ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پۈتۈن يەر شارىنىڭ كەلگۈسىگە قوشقان پائال تۆھپىسى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتى قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، قايتا ئالغا سىلجىتىلدى، قايتا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە رېئال تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شەكلىۋازلىققا قارشى تۇرۇشقا مۇھىم سىياسىي قائىدە، سىياسىي ئىنتىزام سۈپىتىدە قاراپ، چىڭ تۇرۇپ، رىئايە قىلىپ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، دائىم بوشاشماي تۇتۇپ، بېشىدا چىڭ تۇرۇپ ئاخىرىدا بوشاپ كېتىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۈكنى يېنىكلىتىش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنىڭ پۇختا، ئىنچىكە، كونكرېت ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. قاتتىق چەكلىمىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، سەلبىي تىزىملىككە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ـ تۈزىتىپ، ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھۆججەتلەرنى ئىخچاملاش، يىغىنلارنى ئازايتىش خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش؛ يېزىقچىلىق ئىستىلى، يىغىن ئىستىلىنى ياخشىلاپ، يىغىننىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى زېھنىنى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشقا سەرپ قىلدۇرىدىغان قىلىش كېرەك. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ باھالاشنى ياخشىلاپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تېخىمۇ ياخشى ياردەم بېرىش، يېتەكچىلىك قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. يىللىق پىلاننى نازارەت قىلىپ يولغا قويۇشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، بىرتۇتاش باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشتىن بۇرۇن مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش، ئىشتىن كېيىن دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى چىڭىتىش؛ شەكىل، ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، ئىشتىن بۇرۇن تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت ئۆلچىمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ باھاسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تۈزۈم ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىخچام، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تېزلىتىپ، خىزمەت كۈچىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈشۈرۈلۈشىگە، بايلىق، مۇلازىمەت، باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي قاتلامغا مايىللىشىشىغا تۈرتكە بولۇش؛ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى»نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ياخشى تۇتۇپ، خاتالىقنى سىغدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنىڭ خاتالىقىنى دادىللىق بىلەن سىغدۇرۇپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى قەتئىي سۈرۈشتۈرۈپ، كەڭ كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش؛ «بىر چاتاق بىلەن ئىنكار قىلىش» ۋە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش ئىشلىرى ھەممە شەھەرلەرنىڭ باھالاپ تاللاپ، باھالاپ سېلىشتۇرۇپ تەقدىرلەشكە چېتىلىدىغان تۈرلۈك بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزم جەھەتتىن شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق تۇپرىقىنى يوقىتىش كېرەك. يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلاردىن باشلاپ، پېچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، بىرىنچى سەپكە چۆكۈپ، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش؛ ئەمەلىي نەتىجىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەمەلىي ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولغان تەكشۈرۈپ باھالاش، باھا بېرىش سىستېمىسى ئورنىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش؛ كادىرلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشى، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، تەشۋىق قىلىش ـ يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، شەكلىۋازلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى، ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى، بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن سارقىت ئاقان، ۋاڭ يۇڭمىڭ، جاڭ بو، لى جىدۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

سۇ نىڭ: ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى ئارقىلىق ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش

سۇ نىڭنىڭ سۈرىتى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تەيۈەن، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ فېيفېي) خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى خاربىن شەھىرىگە جايلاشقان سۇ نىڭ خاتىرە سارىيى ئالدىغا سۇ نىڭنىڭ ھەيكىلى تىكلەنگەن. بۇ يەرگە ئېكسكۇرسىيەگە كەلگەن كىشىلەر دائىم ھەيكەل ئالدىدا ئۇزاققىچە سۈكۈتتە تۇرىدۇ.

سۇ نىڭ، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شياۋيى ناھىيەسى(بۈگۈنكى شياۋيى شەھىرى)دىن، 1953 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1969 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، مەشىق سەندۇسى، مەشىق گۇجاڭى، يىڭجاڭ، توپچىلار تۈەنىنىڭ سەنمۇجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، جۈنشياۋ ھەربىي ئۇنۋانىغا ئىگە. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش قېتىم تەقدىرلەنگەن، ھەربىي ئۇنۋانى بىر قېتىم مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن، بىر قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

سۇ نىڭ پارتىيەگە، ۋەتەنگە، خەلققە چەكسىز سادىق بولۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئىشلىگەن خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. جەڭچى بولغان مەزگىلدە، ئۇ مەشىق ماھىرى بولغان؛ بەنجاڭ بولغان مەزگىلدە، ئۇ پۈتۈن بەننى يېتەكلەپ پۈتۈن تۈەننىڭ مەشىق ماھارەت سىنىشىدا 1 ـ لىكنى قولغا كەلتۈرگەن؛ كادىر بولغان مەزگىلدە، شى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئۈلگىسى، مۇنەۋۋەر كوماندىر قىلىپ تىكلەنگەن. تۈەننىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك ـ دۇرۇس بولۇپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، قىسمنى قىيىن، قاتتىق، ئەمەلىي جەڭلەرنى چىقىش قىلىپ، ھەربىي تېخنىكىنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ماھارەتنى ئىگىلەشكە يېتەكلىگەن. ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكىنى قەلبىگە پۈكۈپ، كەلگۈسىدىكى جەڭلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 70 نەچچە پارچە، جەمئىي 300 مىڭ خەتتىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە يازغان. ئۇ يازغان «تاقابىللىق نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ زەمبىرەك ئارقىلىق قايتۇرما زەربە بېرىشتىكى ئەڭ ئەۋزەل لايىھەنى تاللاشنى تەتقىق قىلىش» ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالە ھەربىي رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالانغان، ئۇمۇ شۇ سەۋەبلىك جۇڭگو ھەربىي ئىشلارنى ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولغان. ئۇ يازغان «ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ دالا مۇداپىئەسىنىڭ ئەڭ ياخشى لايىھەسىنى تاللاش» ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىدە، تۇنجى قېتىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ ھەرىكەتچان مۇداپىئە كۆرۈش تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە دەلىللەنگەن بولۇپ، جەڭ تاكتىكىسى ئىسلاھاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «موتورلاشقان پىيادە ئەسكەرلەر شىسىنىڭ ھۇجۇمى، مۇداپىئەسىدە كومپيۇتېر ئارقىلىق ياردەم بېرىپ تەدبىر بەلگىلەش سىستېمىسى»نىڭ ئومۇمىي لايىھە پىلانى جەمئىي 20 نەچچە مىڭ خەت بولۇپ، ئۇنىڭدا نەچچە مىڭ سانلىق مەلۇمات، 100دىن ئارتۇق ھېسابلاش فورمۇلاسى بار. كېيىن بۇ ئاساستا، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ «قورۇقلۇق ئارمىيە شى تۈەنلىرىنىڭ ھۇجۇم، مۇداپىئە جېڭىنى كومپيۇتېردا تەقلىد قىلىش سىستېمىسى»نى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپ، قوماندانلىق ۋاستىسى جەھەتتىكى غايەت زور ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. سۇ نىڭ نەزەرىيەنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپلا قالماي، يەنە قىسىم جەڭدىي ئېھتىياجلىق تۈرلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى پۇختا ئېلىپ بارغان. قىسمنىڭ دالا ئۇرۇشىدىكى ياشاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قارلىق دالىدا قونۇشتا ئىشلىتىلىدىغان «قاپلىما چېدىر»نى ياساپ چىققان؛ قىسمنىڭ قارلىق دالىدا ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئەسكەرلەرنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىدىغان ئۈچ خىل چاننى لايىھەلىگەن؛ يەنە راكېتا زەمبىرەكنى قولايلىق قارىغا ئېلىپ قويۇپ بېرىش جازىسىنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا دالا ئۇرۇشى مەشىقى تەقلىدىي ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلارنى ياساپ چىققان. 1981 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، سۇ نىڭ ئۆزى تاماملىغان ۋە تەتقىق قىلىپ ياساشقا قاتناشقان ئىسلاھات تۈرى 162 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر پۈتۈن ئارمىيە بويىچە تەقلىدىي ئۈسكۈنە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ئالتە تۈر باش ئىشتاب، ھەربىي رايون ئورگىنىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە كېڭەيتىشكە ئېرىشكەن، بىر تۈر ھەربىي رايون پەن تەتقىقات نەتىجىسى 4 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، سەككىز تۈر ھەربىي رايون، جىتۇەنجۈن تەرىپىدىن كېڭەيتىلگەن. سەپداشلىرى ئۇنى «تالانتلىق توپچى ئەسكەر» دەپ تەرىپلىگەن.

سۇ نىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى، ئاممىنىڭ دەرد ـ ھالىغا يېتەتتى، جەڭچىلەر بىلەن قېرىنداشلاردەك ئۆتەتتى، ئىلگىرى ئۈچ قېتىم ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي سەپدىشىنى قوغدىغان ھەم ئاممىغا ۋە سەپداشلىرى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان. 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئۇ قىسىمنى گىرانات مەشىقىدە راست گىرانات ئېتىشقا تەشكىللەۋاتقاندا، سەپدىشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېغىر يارىلىنىپ، 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قۇربان بولغان، شۇ يىلى37 ياشتا ئىدى.

1993 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت سۇ نىڭغا «دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان نەمۇنىچى كادىر» دېگەن شەرەپلىك نامنى بېرىپ، ئۇنى «يېڭى تارىخىي دەۋردە ئارمىيەمىز كادىرلىرى ئارىسىدىكى ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك، خىزمەتكە سادىق، دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان گەۋدىلىك تىپ» دەپ ئاتاپ، پۈتۈن ئارمىيەدىكى كەڭ كادىر ـ جەڭچىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

«سۇ نىڭنىڭ ئىش ئىزلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ھەم ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش مۇساپىسىدىكى باشلامچى، ھەم بىزنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىمىزگە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ئۈلگە» دېدى سۇ نىڭ خاتىرە سارىيىنىڭ خىزمەتچى خادىمى لى شيۈيۈن.

«جۇڭگونىڭ پاۋېل كورچاگىنى» ــ ۋۇ يۈندو

ۋۇ يۈندونىڭ سۈرىتى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى جىنفېڭ) ۋۇخەن شەھىرى سەيدىيەن رايونىدىكى دالا ئۇرۇشى دۆلەت مۇداپىئە باغچىسىغا جايلاشقان ۋۇ يۈندو خاتىرە سارىيىدا كادىرلار، ئامما، ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ئۇلار «جۇڭگونىڭ پاۋېل كورچاگىنى» دەپ تەرىپلەنگەن ۋۇ يۈندوغا ئېھتىرام بىلدۈرگىلى كەلگەنىدى.

ۋۇ يۈندو، ئەسلىي يۇرتى خۇبېي ۋۇخەن، 1917 ـ يىلى جياڭشى پىڭشياڭدا تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا ئەنيۈەن كۆمۈر كېنىدا ئىشچى بولغان. 1938 ـ يىلى يېڭى 4 ـ ئارمىيەگە قاتناشقان، 1939 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىلگىرى ـ كېيىن يېڭى 4 ـ ئارمىيە سىلىڭبۇسى قورال رېمونت قىلىش ئورنىنىڭ سېخ مۇدىرى، خۇەينەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بازىسىدىكى ئوق زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى، ھەربىي سانائەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، خۇاجۇڭ ھەربىي سانائەت باشقارمىسى زەمبىرەك ئوقى زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى، دالىيەن بىرلەشمە قورال ـ ياراغ كارخانىسى پىستان زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى، جۇجۇ قورال ـ ياراغ زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى بولغان.

1941 ـ يىلى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن خۇەينەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش بازىسىغا يۆتكەلگەن. دۈشمەننىڭ قامال قىلىشى ئېغىر بولغان، ھەربىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قاتمۇقات قىيىنچىلىقتا قالغان ئەھۋالدا، ئۇ بار بولغان ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل ئاماللار بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ يەرلىك خام ئەشيا، ئۆزلىرى ياسىۋالغان يەرلىك ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملار جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان مىلتىق ـ زەمبىرەك، ئوق ـ دورىلارنى ياسىغان. ياپون قوشۇنى بىلەن قورچاق قوشۇن بازىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ كۆپچىلىكنى باشلاپ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، پۇرسەت بولسىلا ئىشلەپچىقىرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. بىر قېتىم ئالدىنقى سەپ جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان زەمبىرەك ئوقىنى رېمونت قىلىۋاتقاندا، پىستان پارتلاپ كېتىپ، ئۇنىڭ سول قولىنىڭ تۆت بارمىقى ئۈزۈلۈپ كەتكەن، سول تىزى ئېغىر يارىلانغان، سول كۆزىنىڭ كرىستال تەنچىسى يېرىلىپ كېتىپ كۆرمەس بولۇپ قالغىلى تاس قالغان. ئۇ ئىشچىلارنى يېتەكلەپ قورال ـ جابدۇقلارنى ياخشىلاشنى تەتقىق قىلىپ، ئېتىلىش مۇساپىسى 540 مېتىردىن ئاشىدىغان گراناتا ۋە پوتەيگە ھۇجۇم قىلىدىغان تۈز ئاتار توپ ھەم قەرەللىك مىنا، دەسسىسە پارتلايدىغان مىنا قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىپ، قىسمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

1947 ـ يىلى، ۋۇ يۈندو بۇيرۇققا بىنائەن دالىيەنگە بېرىپ پىستان زاۋۇتىنى قۇرغان ھەم زاۋۇت باشلىقى بولغان. بىر قېتىم ئوق ـ دورىنىڭ پارتلاش كۈچىنى سىناق قىلىۋاتقاندا كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بېرىپ، پارتلاشتا پۈتۈن بەدىنى يارىلانغان. داۋالىنىش مەزگىلىدە، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومانى «پولات قانداق تاۋلاندى»نى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە رىغبەت ئالغان. يارىسى ساقايغاندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇ تىرىشىپ ياپون تىلى ئۆگەنگەن. ئۇ يەرگە چۈشەلگۈدەك بولغاندا، رەھبەرلەردىن يولىيورۇق سوراپ خىمىيەلىك دورا ۋە ئۈسكۈنە سېتىۋېلىپ، كېسەلخانىنى تەجرىبىخانىغا ئۆزگەرتىپ، بىر خىل يۇقىرى ئۈنۈملۈك پارتلاتقۇچ دورىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان.

ئۇرۇش يىللىرىدا، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر قەيسەر ئىرادىسى بىلەن مېيىپلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، پەن تەتقىقاتنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن بىر كۈن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، چوقۇم پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن بىر كۈن خىزمەت قىلىمەن».

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلى ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالىنىشقا ئەۋەتكەن. كۆڭۈل قويۇپ داۋالاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ سول كۆزى قايتىدىن يورۇقلۇققا ئېرىشكەن. ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، ئۇرۇش قىلىش كەچۈرمىشىگە ئاساسەن، ۋۇ يۈندو «بارلىقىمنى پارتىيەگە بېغىشلايمەن» دېگەن تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىققان، كېيىن بۇ ئەسەر يەتتە خىل يېزىقتا تەرجىمە قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا كەڭ تارقالغان.

1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى ۋە مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋۇ يۈندوغا ئالاھىدە تەكلىپلىك مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ نام بەرگەن، ئۇنى بېيجىڭغا بېرىپ دۆلەت بايرىملىق مۇراسىمغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، «خەلق گېزىتى»دە «پولات مۇنداق تاۋلاندى ــ جۇڭگونىڭ پاۋېل كورچاگىنى، قورال ـ ياراغ تۆھپىكارى ۋۇ يۈندو» ناملىق مەخسۇس خەۋەر ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ نامى ۋەتەننىڭ كەڭ زېمىنىغا تارقالغان.

ۋۇ يۈندو ئىلگىرى جۇڭنەن قورال ـ ياراغ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ماشىنسازلىق پەن تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى، 5 ـ ماشىنسازلىق بۆلۈمى پەن تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، كۆپ تۈرلۈك قورال ـ ياراغ پەن تەتقىقات خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى ھەربىي سانائەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن، دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە قىسمىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئۇ تەكلىپ بىلەن بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەيدىكى ئىشلەپ يۈرۈپ ئوقۇيدىغان بىرقانچە مەكتەپنىڭ پەخرىي مەكتەپ مۇدىرى ۋە نۇرغۇن ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەكتەپ سىرتى يېتەكچىسى ھەم بىر قىسىم ژۇرنال، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرى، مېيىپلەر ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشقان، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى، كادىرلار مىنىستىرلىقى، جۇڭگو مېيىپلەر بىرلەشمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەتلىك ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن. 1991 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ۋۇ يۈندو بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

سەيدىيەن رايونى دالا ئۇرۇشى دۆلەت مۇداپىئە باغچىسىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ ۋېنگۈي مۇنداق دېدى: «ھازىر ھەر يىلى نەچچە ئونمىڭلىغان كادىر، ئامما ۋۇ يۈندو خاتىرە سارىيىغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئالىدۇ، يولداش ۋۇ يۈندونىڭ شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاش، پىداكارلىق، قەتئىي تەۋرەنمەس روھى بىزنى باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)